# ئادىل ھەمكارلىق بىردىنبىر توغرا تاللاش

## —— نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ

□جۇڭ شېڭ

بىر غەربلىك تارىخشۇناس ئىلگىرى: كىشىلەرنىڭ ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بالايىئاپەتلەرگە يېتىپ قېلىشىغا كۆپىنچە ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقى سەۋەب بولىدۇ، دېگەنىدى. ئۆزى 21 - ئەسىردە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كاللىسى يەنىلا سوغۇق ئۇرۇش تەپەككۇرىدا، نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش كونا دەۋرىدە توختاپ قالغان ئامېرىكىلىق ئاشۇ سىياسەتۋازلار بۇ ھۆكۈمنى يېڭى ئىسپات بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. بىر مەزگىلدىن بۇيان، ئۇلار نۆۋەتلىشىپ «ئالەم رىقابىتىدە جۇڭگونى مەغلۇپ قىلىمىز»، «جۇڭگو ئامېرىكىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلىدى» دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ھە دەپ توقۇلىدى، يەنە ستىۋ بانون قاتارلىق ۋاقتى ئۆتكەن سىياسەتۋازلار بىلەن ئۆزئارا دوست تارتىشىپ، «جۇڭگو يەر شارىنىڭ ھۆكۈمرانى بولماقچى» دېگەندەك باھانىلەرنى توقۇپ چىقتى، بۇ ئامېرىكا ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇددى «ئاسمان گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ئىش بولدى».

نۆۋەتتە، نۆل يىغىندىلىق تەپەككۇر جاھىل كېسىلى ئامېرىكىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش چەمبىرىكىدە خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىۋاتىدۇ، بىر قىسىم كىشىلەر ئامېرىكىنىڭ سودىسىدا تەتۈر پەرق بارلىقىنى كۆرۈپلا سودا ھەمراھلىرىدىن ئالىدىغان تاموژنا بېجىنى خالىغانچە كۆپەيتىۋاتىدۇ؛ باشقا دۆلەتلەرنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى كۆرۈپلا، ئۇلارغا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئوغرىسى، دەپ تۆھمەت چاپلاۋاتىدۇ؛ «بىر بەلباغ، بىر يول» «دوستلار چەمبىرىكى»نىڭ بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا «قەرز تۇزىقى»نى دەستەك قىلىپ، ھەممىلا يەردە ئىغۋا تارقىتىۋاتىدۇ؛ جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى تەسىر كۈچىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا، ھەممە يەردە تۆھمەت چاپلاپ، زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

بۇ كىشىلەر دىپلوماتىيە، ئىقتىساد، ھەتتا ھەربىي بايلىقنى ئىشقا سېلىشتىن ئايانماي، تەھدىت سېلىش، جازالاش، ھەتتا ئۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق «ئۆزىنى تويغۇزۇپ، باشقىلارنى ئاچ قويۇش»تەك رەزىل مەقسەتكە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بۇنداق قىلمىش ئامېرىكىنى «قايتا تۆرگە چىقىرالمايلا قالماستىن»، بەلكى ئامېرىكىنى ئۆزىنى ئېغىر دەرىجىدە خورىتىدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئامېرىكا بىرۇكىنس ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 1982 - يىلدىن 1984 - يىلىغىچە، ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ ئاپتوموبىل كەسپىگە سودا جازاسى يۈرگۈزگەندە، ئامېرىكىنىڭ ئاپتوموبىل ياسىمىچىلىق كەسپىدە 60 مىڭ ئىش ئورنى ئازىيىپ كېتىپ، رېگان زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىل ئامېرىكىدا ئىشسىزلىق نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى مەزگىلگە ئايلانغان. ئامېرىكا پېتېرسون خەلقئارا ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ بىر دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1945 - يىلدىن 1969 - يىلىغىچە، 1970 - يىلدىن 1989 - يىلىغىچە، 1990 - يىلدىن 2000 - يىلىغىچە بولغان بۇ ئۈچ مەزگىلدە، ئامېرىكىنىڭ تاشقى جازاسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 50%، 31% ۋە 29% بولغان. يەنى، گەرچە ئامېرىكىنىڭ تاشقى جازاسىنىڭ قېتىم سانى كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جازانىڭ رولى تەدرىجىي ئاجىزلاشقان. بەزى ئامېرىكا ئالىملىرى ھەتتا: ئامېرىكىنىڭ تاشقى جازاسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى پەقەت 5% دەپ قارىغان.

ئامېرىكا نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش غەلىتە چەمبىرىكىدە ئۆزىنى كونترول قىلالماي، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىستراتېگىيەلىك قىيىنچىلىققا پېتىپ قالدى، ئۇنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. ئامېرىكا ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ سودا مۇتەخەسسىسى ۋىلىيام رېينىش مۇنداق كۆرسەتتى: بۈگۈنكى خەلقئارا سودا دۆلەتلەر ئارا قوش پايدا ئالىدىغان ھەمكارلىق، ھەرگىزمۇ نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش ئەمەس، ئامېرىكا ھازىر يولغا قويۇۋاتقان سودا سىياسىتى 17 -، 18 - ئەسىردىكى سودا ھېرىسلىقى سىياسىتىنىڭ داۋامىغا تېخىمۇ ئوخشايدىغان بولۇپ، 21 - ئەسىردىكى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش رېئاللىقىغا ھەرگىز ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئامېرىكا كولۇمبىيە داشۆسىنىڭ ئىقتىساد ئىلمى پروفېسسورى جېففرېي ساكسىنىڭ قارىشىچە: ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خالىغانچە ئىش قىلىپ، «ئامېرىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش» ئەسەبىزم سىياسىتىنى قوللىنىپ، خەلقئارا قائىدىگە قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئامېرىكىنى «2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنياغا رەھبەرلىك قىلغۇچى»دىن «21 - ئەسىردىكى مۇتتەھەم دۆلەت»كە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نۆۋەتتە يولغا قويۇۋاتقان بىر تەرەپلىك سودا سىياسىتىگە قارىتا، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئەمەلدارى ئۇدۇل قىلىپ: «سودا سىياسىتى نۆل يىغىندىلىق ئويۇن ئەمەس، يېڭىش - يېڭىلىش ئوتتۇرىسىدىكى تاللاش - تارتىشمۇ ئەمەس. ياۋروپا ئىتتىپاقى سودىدا ئىككىلا تەرەپ پايدا ئېلىشقا بولىدىغانلىقىغا ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ» دېدى.

ئادىل رىقابەتلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش ھەمكارلىقى ئەسلىدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قىياپىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار پەقەت «ئۆزئارا كۈچ سىنىشىش»نىڭلا كويىدا بولدى. ئامېرىكا ئاقسارايدىكى سودا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ناۋاررو ئامېرىكىلىقلارنى جۇڭگودا ياسالغان ھەرقانداق تاۋارنى سېتىۋېلىشنى رەت قىلىشقا كۈشكۈرتتى، يەنە تېخى فانتازىيەلىك، ھەتتا ۋەھىملىك ھېكايە تىلى ئۇسلۇبى بىلەن جۇڭگو - ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى خۇنۈكلەشتۈردى. خۇددى «نيۇيورك مېھمەنى»نىڭ ئوبزورىدا دەل جايىدا كۆرسىتىلىپ ئۆتكىنىدەك، «بۇ خىل قاراش ئاددىيلاشتۇرغانلىق بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى خاتا ۋە خەتەرلىكتۇر».

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئىككى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەمكارلىق ئىككى تەرەپنىڭ بىردىنبىر توغرا تاللىشى، بۇ ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە گۈللىنىشىدە غايەت زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ، ھەرقانداق خاتا تەپەككۇر ۋە ئىستراتېگىيەلىك خاتا ھۆكۈم يەر شارىۋى زەنجىرسىمان ئىنكاس پەيدا قىلىشى مۇمكىن. «جۇڭگو - ئامېرىكا سودىسىنىڭ جىددىيلىشىشى يەر شارىۋى ئەسلىگە كېلىشكە تەسىر كۆرسەتتى ھەم مەبلەغ سېلىش ۋە ئېشىشقا خەۋپ - خەتەر ئېلىپ كەلدى.» ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئانخېر گۈلىيانىڭ ئەندىشىسى دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

تارىختا، بىر قىسىم كىشىلەر زومىگەرلىك ئورنى ۋە مونوپوللۇق مەنپەئەتكە مەپتۇن بولۇپ، دۇنيانى قىزىق ئۇرۇش، سوغۇق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئېغىر ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. تولىمۇ كۆپ ئازاب - ئوقۇبەت ۋە كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكتىن، ئىنسانلار ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش، ئورتاق بەخت - سائادەتنى كۆزلەش، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ كەلدى. بۈگۈنكى دۇنيادا، دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە، بىر - بىرىگە تايىنىش، بارغانسېرى تەقدىرداش، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئورتاق گەۋدىگە ئايلاندى، قىسمەن كىشىلەر قىسمەن كىشىلەرگە قارشى تۇرىدىغان ئەمەس، بەلكى ھەممە كىشى ھەممە كىشىگە موھتاج بولىدىغان بولدى.

«كىچىك ئېرىقنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، پەقەت ئېرىقلا بولىدىكەن، ئۇ ئېقىن ياساپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەنزىلگە يېتىپ بارىدۇ.» جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۆز دۆلىتى خەلقىنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەرگىزمۇ بىرەرسى بىلەن «نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش» ئۈچۈن ئەمەس. بۇ تارىخنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە دۇنيا ئېقىمىنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. تارىخىي تەجرىبىلەر كىشىلەرگە شۇنى قايتا - قايتا بىلدۈردىكى، نۆل يىغىندىلىق تىركىشىش ۋە سوغۇق ئۇرۇش تەپەككۇرى بىلەن خەلقئارا ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزىنى بەربات قىلىش، ئۆزىنى ۋەيران قىلىشتۇر، ئۇ ئامېرىكىنى ئۆزى ياسىغان «ئىستراتېگىيەلىك تۇزاق»قا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، خالاس.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)**



**دۆلىتىمىزنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 600 كىلومېتىرلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك ماگنىتلىق لەيلىمە سىناق پويىزى چىڭداۋدا زاۋۇتتىن چىقتى**

بۇ، 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، چىڭداۋدا سۈرەتكە تارتىلغان دۆلىتىمىزنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 600 كىلومېتىرلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك ماگنىتلىق لەيلىمە سىناق پويىزى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سائەت 10دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، دۆلىتىمىزنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 600 كىلومېتىرلىق يۇقىرى سۈرئەتلىك ماگنىتلىق لەيلىمە سىناق پويىزى چىڭداۋدا زاۋۇتتىن چىقتى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك ماگنىتلىق لەيلىتىش تېخنىكىسى ساھەسىدە مۇھىم، زور بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **لى زىخېڭ** فوتوسى

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلان سىستېمىسى بەرپا قىلىش ھەم يولغا قويۇشنى نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلەت تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويۇشنى بوشلۇق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. 2020 - يىلغا بارغاندا، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلان سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلىدۇ، «كۆپ خىل بەلگىلىمە بىرلەشتۈرۈلگەن» يىرىك پىلان تۈزۈشنى تەستىقلاش سىستېمىسى، يولغا قويۇشنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى، قانۇن - نىزام، سىياسەت سىستېمىسى ۋە تېخنىكا ئۆلچىمى سىستېمىسى تەدرىجىي ئورنىتىلىدۇ؛ شەھەر، ناھىيەدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت زېمىن بوشلۇقى ئومۇمىي يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش - قوغداشتىكى «بىر پارچە خەرىتە» دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلىدۇ. 2025 - يىلغا بارغاندا، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىغا ئالاقىدار قانۇن - نىزام، سىياسەت ۋە تېخنىكا ئۆلچىمى سىستېمىسى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ؛ دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە نەتىجە - ئۈنۈمنى باھالاش مېخانىزمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلىدۇ؛ دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىنى ئاساس، بىرتۇتاش پايدىلىنىشنى تىزگىنلەشنى ۋاستە قىلغان دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش - قوغداش تۈزۈمى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. 2035 - يىلغا بارغاندا، دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش بوشلۇقى تېجەشلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان، ياشاش بوشلۇقى ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان، ئېكولوگىيە بوشلۇقى تاغ - دەريالىرى گۈزەل بولغان، بىخەتەر - ئىناق، رىقابەت كۈچىگە باي ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلىدىغان دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنىڭ ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىز سانائىتىدە ئالدىنقى تۆت ئايدا سېلىنمىنىڭ قايتا ئېشىش سۈپىتى ياخشى بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت سېلىنمىسىدا يەنە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشىدە «سۈپەتنى ئۆستۈرۈش» سىگنالى گەۋدىلىنىپ، ياسىمىچىلىققا مەبلەغ سېلىشتىكى ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئىجادىيەتلىك قوزغىتىشقا قاراپ ئۆزگەرمەكتە. ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، يېڭى ئېنېرگىيە ساھەسىگە مەبلەغ سېلىش جانلانغان، بولۇپمۇ يېڭى ماتېرىياللار ۋەكىللىكىدىكى يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىش مەبلەغ سېلىش قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىش شارائىتى ھازىرلانماقتا. «خىلور، ئىشقار كەسپىدە ئىشلەپچىقىرىشتىكى كېرەكسىز سۈنى قويۇپ بەرمەسلىكنى ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇش» قاتارلىق بىر تۈركۈم يېشىل تۇپلاشتۇرۇلغان تۈرلەر مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كۆپەيتكىلى، كېڭەيتكىلى بولىدىغان يېشىل ياسىمىچىلىقتىكى تىپىك ئەندىزىگە ئايلىنىپ، يېشىل ياسىمىچىلىق سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېشىل زاۋۇتتىن 94نى، يېشىل باغچە رايوندىن تۆتنى، يېشىل تەمىنلەش زەنجىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش كارخانىسىدىن بەشنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون سانائەت ئالاقە تورى، ئالاقە تورى+ئەمەلىي ئىقتىساد خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، يۇمشاق دېتال ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى مۇلازىمەت كەسپىنى ئاساس، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر ياسىمىچىلىقى، خەۋەرلىشىش مۇلازىمەت كەسپىنى ئېشىش نۇقتىسى قىلغان، نەرسە تورى، بۇلۇت ھېسابلاش، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق يۇغۇرما قوللىنىشقا تۈرتكە بولىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز سانائەت ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سېلىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، ئاساسلىق تىجارەت كەسىپ كىرىمى رەت تەرتىپىدە ئالدىنقى 200 كارخانا ئىچىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 2019 - يىلى يولغا قويماقچى بولغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى رەتلەپ، ساھەدىكى تەسىر كۈچى كۈچلۈك، سېلىنمىسى كۆپ بولغان 50 مۇھىم، زور تۈرنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۇقتىلىق تۈرلەرگە رەھبەرلىك قىلىش، ئالاقىلىشىش، ياردەم بېرىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈرلەرنى يۈرۈشتۈرۈش داۋامىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى كۈچەپ ھەل قىلىدىكەن.

# بازار ساھەسىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىندى

(بېشى 1 - بەتتە)

5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 20دىن ئارتۇق قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىمنى تەشكىللەپ، ئۈچ ھەرىكەت گۇرۇپپىسىغا بۆلۈپ، خۇاللىڭ قاشتېشى شەھەرچىسىدىكى 12 تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئاپپاراتىنى تەكشۈردى. ھەرقايسى تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئاپپاراتلىرىنىڭ سالاھىيىتى، تەكشۈرۈشنى بېكىتىش ئۈسكۈنىسى، تەكشۈرۈشنى قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىنچىكىلەپ ئايرىش ئارقىلىق، بەش ئاپپاراتتا تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئېلىپ بارمايلا ئۆزى خالىغانچە يالغان تەكشۈرۈش دوكلاتى گۇۋاھنامىسى چىقارغانلىق ئەھۋالىنىڭ ساقلانغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، گۇۋاھنامە بىلەن ئەمەلىي بۇيۇمنىڭ بىردەك بولماسلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدى.

«ئۆزى خالىغانچە ساختا تەكشۈرۈش دوكلاتى گۇۋاھنامىسى چىقىرىش بازارنىڭ تىجارەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، ‹زىياندىش›لارغا قەتئىي زەربە بېرىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىستېمالچىلارنى خاتىرجەم سېتىۋالالايدىغان، خاتىرجەم ئىشلىتەلەيدىغان قىلىش كېرەك» دېدى شۇ كۈنى ئەترەت باشلاپ تەكشۈرۈشكە چىققان ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى قانۇن ئىجرا قىلىش تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى چېن شۈەنبو.

قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىخو شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى 7912 كارخانا ۋە يەككە تىجارەتچىنى زىيارەت قىلىپ، ئاممىنى ئەتراپىدىكى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالغان ھەرخىل «كۆكتات زومىگەرى» «كەسىپ زومىگەرى» «بازار زومىگەرى»نى پاش قىلىشقا كەڭ سەپەرۋەر قىلدى.

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ساغلاملىق بۇيۇملىرى بازىرىدىكى قالايمىقانچىلىق، چاي بازىرىدىكى قالايمىقانچىلىق، ماركىسى، بەلگىسى بولماسلىق قالايمىقانچىلىقى قاتارلىقلارغا قارىتا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈش خادىملىرى تەۋەلىك رايوندىكى ھەرقايسى چوڭ سودا سارايى، تاللا بازار، يېمەك - ئىچمەك بازارلىرىدا قاتتىق زەربە بېرىش، قاتتىق تەكشۈرۈش مەخسۇس ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەسىپتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى مەركەزلىك تۈزەش ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ساھەسىدىكى قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق، قالايمىقانچىلىققا چېتىشلىق مەسىلىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش، قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، يىپ ئۇچلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، دېلو بېجىرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كەسىپتىكى قالايمىقانچىلىق كۆپ يۈز بېرىدىغان، ئاسان يۈز بېرىدىغان ساھەلەرنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق جازالاپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار تەرتىپىنى قوغداپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىدىكەن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)